# ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، ئاللاھ كاتتىدۇر، جىمى ھەمدۇ-سانالار ئاللاھقا خاستۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، غالىب، ھېكمەتلىك ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچقانداق كۈچ-قۇۋۋەت يوقتۇر

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: بىر سەھرالىق كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ماڭا بىر سۆز ئۆگىتىپ قويغان بولسىلا، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، ئاللاھ كاتتىدۇر، جىمى ھەمدۇ-سانالار ئاللاھقا خاستۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، غالىب، ھېكمەتلىك ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچقانداق كۈچ-قۇۋۋەت يوقتۇر، دېگەنلەرنى ئوقۇغىن دېگەندە، ئۇ كىشى: بۇلار رەببىم ئۈچۈندۇر، ئۆزەم ئۈچۈنچۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى ئاللاھ! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، ماڭا رىزىق بەرگىن دېگىن، دېدى
[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

سەھرادىن كەلگەن بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىگە ئوقۇيدىغان زىكرىنى تەلىم بېرىشنى سورىغان ئىدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، دېگىن دېدى، تەۋھىد كەلىمىسى بىلەن باشلىدى، ئۇنىڭ مەنىسى: ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق دېمەكتۇر. بۈيۈك ئاللاھ كاتتىدۇر. يەنى: ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىدىن كاتتا ۋە بۈيۈكتۇر. جىمى ھەمدۇ-سانالار ئاللاھقا خاستۇر، يەنى: ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل سۈپەتلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە ساناقسىز نېمەتلىرىگە مەدھىيىلەر بولسۇن. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇر. يەنى: ئاللاھ تائالا ئەيىپ-نۇقسانلاردىن پاكتۇر ۋە مۇقەددەستۇر. غالىب، ھېكمەتلىك ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچقانداق كۈچ-قۇۋۋەت يوقتۇر يەنى: ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ۋە مۇۋەپپەق قىلىشىسىز ھېچقانداق كۈچ-قۇۋۋەت يوقتۇر ئۇ كىشى: بۇ سۆزلەر رەببىمنى زىكرى قىلىش ۋە ئۇلۇغلاش ئۈچۈن ئىكەن، ئۆزۈم ئۈچۈن قانداق دۇئا قىلىمەن؟ دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: ئى ئاللاھ! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، خاتالىقلارنى ئۆچۈرۈپ يۆگەش بىلەن. ماڭا رەھىم قىلغىن، ماڭا دىنى ۋە دۇنيالىق پايدىلىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈش بىلەن. مېنى ھىدايەت قىلغىن، مېنى ئەڭ گۈزەل ئەھۋالغا ۋە توغرا يولغا ھىدايەت قىلغىن. ماڭا رىزىق بەرگىن ھالال مال، ساغلىق ۋە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/6112

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee